



بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن.)

*In the name of God!*

www.uyghurkitap.com



يېرىم كېچە ئىدى، لەيلا ئاشخانىدىن كېلىۋاتقان ئاۋازلار بىلەن ئويغىنىپ كەتتى. كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىغاچ كارىۋاتتىن چۈشتى ۋە ئاشخانىدا نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن بىرىنچى قەۋەتكە چۈشۈپ قاراپ باقماقچى بولدى.

لەيلا ئاشخانىغا كىرىپ، ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئۈستەلدە ئولتۇرۇپ تاماق يەۋاتقانلىقىنى كۆردى.

— مۇشۇ ۋاقىتتا تاماق يەمدىغاندۇ ئەجبا؟ — بىرئاز ئەجەپلەندى لەيلا.

In the middle of the night, Laila hears a sound coming from the kitchen.


Rubbing her eyes, she gets out of bed and goes downstairs to see what is happening.

Laila finds her family seated at the dining table, having a meal.

"A meal at this time?" Laila wonders.







قۇياش كۆتۈرۈلدى، لەيلامۇ ئورنىدىن تۇردى.
— ئاپا، قورسىقىم ئاچتى! — دېدى لەيلا.
— ناشتىلىق ئۈستەلدە، قىزىم! — دېدى ئاپىسى.
لەيلا بىرىنچى قەۋەتكە چۈشۈپ، تاماق ئۈستىلىگە كېلىپ ئولتۇردى ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ كېلىشىنى ساقلىدى.
— ئەجەبا ھېچكىم ناشتا قىلمامدىغاندۇ؟ — دېدى لەيلا ھەيران بولۇپ.

The sun is up, and so is Laila.

“Mom! I’m hungry!” yells Laila.

“Breakfast is on the table!” Mom replies.

Laila runs downstairs, sits at the table, and waits for her family.

“Nobody’s having breakfast?” Laila is surprised.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كەچتە لەيلا پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆيدە كۆرۈپ خۇشال بولۇپ كەتتى. بوۋا - موملىرى، ھاممىسى، تاغىسى ۋە نەۋرە ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىللىرى ھەممىسى جەم بولغانىدى. لەيلا بەكلا خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇ پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىرگە بولۇشنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى.

— ئەجەبا بۈگۈن ئالاھىدە كۈنمىدۇ؟ — دەپ ئۆز - ئۆزىدىن سورىدى.


In the evening, Laila is pleased to see the whole family at home.

Her grandparents, aunt, uncle and cousins, almost everyone is there.

Laila is very happy! She loves being surrounded by family.

"But what could be the occasion?" Laila asks herself.





كۈن ئولتۇرغاندا، لەيلالارنىڭ ئاشخانا ئۆيى قاينام تاشقىنلىققا چۆمۈپ كەتتى.
ھەممەيلەن قولمۇقول تاماق ئېتىشتى، پىشقان تاماقلارنى ئۈستەلگە ئېلىپ كېلىپ تىزىشتى.
ئۇرۇق - تۇغقان ۋە يېقىنلىرى بىلەن جەم بولۇپ، بىرگە ۋاقىت ئۆتكۈزۈش نېمىدېگەن گۈزەل
بىر ئىش ھە! ھەركۈنى مۇشۇنداق بولغان بولسا، لەيلا بەكمۇ خۇشال بولغان بولاتتى!

As the sun goes down, the kitchen gets crowded.

Everyone is giving a hand, preparing the meal, and setting the table.

Collaboration and family spirit are at their most.

Laila would love this great atmosphere every day.





تاماقلارمۇ تەييار بولدى، ھەممەيلەن ئۈستەلگە كېلىپ ئولتۇرۇشتى. ۋاھالەنكى، ھېچكىم بىر نەرسە يېمەيۋاتاتتى، پۈتۈن ئائىلە بىر نەرسىنى ساقلاۋاتقاندەك قىلاتتى. لەيلا تۇيۇقسىز يېقىن ئەتراپتىكى مەسچىتتىن كېلىۋاتقان ئەزان ئاۋازىنى ئاڭلىدى. ئارقىدىن چوڭلار ئىپتار قىلدى، دۇئادىن كېيىن، ھەممەيلەن جىمجىت ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشكە باشلىدى.

لەيلا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۈن-تىنسىز كۆزەتتى.

The table is ready and everyone is seated. However, no one is eating. The whole family is waiting.

Suddenly, Laila hears the Adhan being called out from the Masjid nearby.

After breaking the fast and saying the Iftar’s Dua, everyone begins to eat, in silence.

Laila observes everything without making a sound.







When the meal is over, some go to the Masjid to pray and others pray at home.

The atmosphere is peaceful and comforting.

Laila is very happy, yet she really wants to know what the occasion is.

تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، بەزىلەر مەسچىتكە ناماز ئوقۇغىلى مېڭىشتى، يەنە بەزىلەر ئۆيدە ناماز ئوقۇدى.

ئۆينىڭ ئاتموسفېراسى تىنچ ۋە ھۇزۇرلۇق ئىدى.

لەيلا بەكلا خۇشال بولۇپ كەتتى، ئۇنىڭ بۈگۈننىڭ زادى قانداق ئالاھىدە كۈن ئىكەنلىكىنى بەكمۇ بىلگۈسى كەلدى.







شۇ كۈنى ئاخشىمى لەيلا دادىسىنىڭ قېشىغا كىردى.
— دادا، بۈگۈن ئالاھىدە بىر كۈنمۇ؟ — دەپ سورىدى لەيلا.
— لەيلا قىزىم، بۈگۈن رامىزاننىڭ تۇنجى كۈنى، سىزگە دېمىگەنلىكىمىزنى كەچۈرۈڭ!
— سىز ئەمدى چوڭ قىز بولۇپ قالدىڭىز، رامىزان ھەققىدە سۆزلەپ بېرەي، — دېدى دادىسى.

Later that night, Laila goes to see her father.

"Dad, is today a special day?" Laila questions.

"Oh Laila! It's the first day of the holy month of Ramadan.
I'm sorry we didn't tell you.

Now since you're a big girl, let me tell you more," says Dad.







– رامىزان ئېيىدا، بىز تاڭ سۈزۈلگەندىن تاكى كۈن ئولتۇرغۇچە بولغان ئارىلىقتا يېمەيمىز، ئىچمەيمىز، – دېدى دادىسى چۈشەندۈرۈپ، لەيلا بۈگۈن بىر كۈن كۆرگەنلىرىنى ئېسىگە ئالدى.
– شۇڭا سىلەر يېرىم كېچىدە تۇرۇپ تاماق يەپتىكەنسىلەر-دە! – دېدى لەيلا.
– شۇنداق، توغرا! بىز زولۇق تاماق يېدۇق! ئەقىللىق قىزىم!
– بىراق، بىلەمسىز لەيلا، رامىزان پەقەتلا يېمەيدىغان، ئىچمەيدىغان ئاي ئەمەس، بەلكى رامىزان ...

"During this month, we don't eat or drink from dawn to sunset," Dad explains.

Laila remembers what she saw earlier that day.

"So that's why I saw you have a meal in the middle of the night!" shouts Laila.

"Yes, that's right! It's the Suhoor, the meal before dawn. Clever girl!"

"But you know, Laila, Ramadan is not just about staying away from food and drink, it's..."





www.uyghurkitap.com



– رامىزان ئېيىدا جەننەتنىڭ مەرھەمەتلىك ئىشىكلىرى ئېچىلىدۇ، شۇڭا بىز نامازلىرىمىزنى ئاشۇرۇپ ئوقۇيمىز، كۆپلەپ قۇرئان تىلاۋىتى قىلىمىز.

– قۇرئاننىڭ مۇشۇ خاسىيەتلىك رامىزان ئېيىدا نازىل بولغانلىقىنى بىلەمسىز؟ – دەپ سورىدى دادىسى.

– بىلمەيمەن، دادا، ئەمما قىزىقىپ قالدىم. رامىزان ھەققىدە جىقراق سۆزلەپ بەرسىڭىز بوپتىكەن، – دەپ ئۆتۈندى لەيلا.

"...a month of mercy where the doors of paradise are open, so we increase prayers (Salat) and the recitation of the Quran.

Do you know the Quran was sent down during Ramadan?" Dad asks Laila.

"That's interesting. I didn't know that, Dad!" says Laila.

"Dad, tell me more about Ramadan!" requests Laila.







– بولدۇ، قىزىم، رامىزان يەنە ياخشى ئەمەل ئېيىدۇر، بىزگە ئەپۇچان، كۆيۈمچان، مېھرىبان ۋە سېخىي بولۇشنى ئەسكەرتىدىغان ۋە شۇلارنى ئۆگىتىدىغان ئايدۇر.

– چۈشەندىم، شۇڭا رامىراندا ئەمەللىرىمىزنى ياخشىلىشىمىز كېرەكلىكىنى جېكىلەيدىكەنسىلەردە، شۇنىڭ بىلەن بىزمۇ ياخشى ئەمەللىرىمىزنى ھەركۈنى داۋاملاشتۇرالايمىز، – دەپ قوشۇپ قويىدى لەيلا.

– توغرا ئېيتتىڭىز، لەيلا! – دېدى دادىسى قوشۇلغىنىنى بىلدۈرۈپ ۋە سۆزىنى داۋام قىلدى.

“Ramadan is also a month for good deeds. A month that reminds and teaches us to be forgiving, loving, caring, and generous.”

“I understand. So, we are trained to be good during Ramadan, so that we can continue to be good every day!” Laila adds.

“That’s right Laila,” Dad agrees and continues.





www.uyghurkitap.com



– بۇ ئايدا بىز يەنە سەدىقە، زاكات بېرىمىز.
– مۇھتاجلارغا ياردەم قىلىمىز، ئۇلارغا يېمەكلىك ئاپىرىپ بېرىمىز، يەنە باشقا ھاجەتلىرىنىمۇ راۋا قىلىمىز ۋە بۇلارنى قىلىش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشىمىز.
– دادا، بەزى ئويۇنچۇقلىرىمنى ئويۇنچۇقلارغا ئېھتىياجى بار باللارغا بەرسەم بولامدۇ؟
– دەپ سورىدى لەيلا.
– ئەلۋەتتە بولىدۇ، بەك ياخشى ئويلاپسىز، لەيلا! سىزدىن پەخىرلىنىمەن! – دېدى دادىسى.

"During this month, we give charity as well.

We help the needy and provide them with good food and many other things that they may need.

When you give to those in need, you'll be rewarded by Allah."

"Dad can I give some of my toys to the children in need?" asks Laila.

"That's a great idea, Laila. I'm very proud of you!" says Dad.





– دادا، مەن يەنىلا چۈشەنمىدىم. نېمىشقا رامىزاندا يېمەيمىز، ئىچمەيمىز؟
– بىز يېمىگەندە، ئىچمىگەندە ئاندىن ئاچلىقنىڭ نېمىلىكىنى بىلەلەيمىز، ئاشلىقنى قەدىرلەيدىغان بولىمىز، يەيدىغان نەرسىسى يوق قېرىنداشلىرىمىزنى ئەسلىيەلەيمىز ۋە بۇلار بىزنىڭ ئۇلارغا ياردەم قىلىشىمىزغا يەنى ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشىمىزغا تۈرتكە بولىدۇ، ئىنشائاللاھ! شۇڭا بىز بىزگە يەيدىغانغا يېمەكلىك، ئىچىدىغانغا ئىچىملىك ۋە باشقا بارلىق لازىملىق نەرسىلەرنى بەرگەن ئاللاھقا ھەرۋاقىت رەھمەت ئېيتىشىمىز، مىننەتدار بولۇشىمىز، كۆپلەپ ئەلھەمدۇلىللاھ، دېيىشىمىز كېرەك.

"Dad...I still don't understand. Why do we not eat and drink during Ramadan?"

"When we don't eat and drink, we understand what it is like to be hungry.

So, we must always be thankful to Allah for what He has given us, not waste food, and remember those who don't have much to eat."



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



– رامىزان ھەقىقەتەن خاسىيەتلىك ئاي ئىكەن! دادا، مەنمۇ رامىزان روزىسى تۇتسام بولامدۇ؟ – دەپ سورىدى لەيلا.

– ئەلۋەتتە بولىدۇ، ئەتە سىناپ بېقىڭ، ئىنشائاللاھ! سىزنى زولۇقتا ئويغىتاي، ئەمدى ئۇخلىسىڭىز بولامدىكىن، كەچ بولۇپ كەتتى! – دېدى دادىسى لەيلانىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ.

– بولىدۇ، ئەمسە مەن ئۇخلاي. رامىزان مۇبارەك، دادا! – دېدى لەيلا ھاياجان بىلەن.

– رامىزان مۇبارەك، تاتلىق قىزىم، ياخشى ئۇخلاڭ!

“Ramadan is super cool! Dad, can I fast too?” Laila asks.

“Yes. You can try tomorrow. I’ll wake you up for the meal before dawn Insha-Allah. Now, you better get to sleep early,” Dad advises.

“Yes, I will. Ramadan Mubarak, Dad,” says Laila very excited.

“Ramadan Mubarak, sweetheart.”



سىلەرنىڭ ۋە بالىلارنىڭ ھېكايىدىن ھوزۇر ئېلىشىڭلارنى تىلەيمىز!

We hope you and your children enjoyed the story!

# Laila wants to learn about Ramadan

Trying to explain the meaning of Ramadan to young kids can be quite challenging, since they cannot easily understand why Muslims have to stop eating and drinking for a whole month.



However, Ramadan is so much more than simply fasting. It's a month of good deeds, a month of charity, a new beginning for almost all Muslims. That's why this book will help you explain the true essence of Ramadan to your children with the story of Laila.

ISBN 9781988779010

90000 >

9 781988 779010